«يۇلتۇزلار دۆلىتى» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# كاملى يوقاپ كەتتى

هياۋىن ئورام (ئەنگلىيە)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

«يۇلتۇزلار دۆلىتى» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# كاملى يوقاپ كەتتى

ئاپتورى: ھىياۋىن ئورام [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچىلار: پەرىدە مەمەت، ماھىرە ئابدۇقادىر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

星星国. 卡米莉失踪了：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕丽达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社,2015.12

ISBN 978-7-5469-7845-1

Ⅰ. ①星… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 280905 号

策　　划：于文胜

责任编辑：迪娜·迪里木拉提

责任校对：米哈日班·努尔艾合买提

责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

责任决审：亚森·吾不力哈斯木

责任印制：刘伟煜

书　名　星星国绘本丛书——卡米莉失踪了（维吾尔文）

作　者　（英）希娅文·奥拉姆

译　者　帕丽达·买买提　玛依拉·阿不都卡德尔

出　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）

新疆电子音像出版社

地　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）

发　行　新疆维吾尔自治区新华书店

网　购　当当网、京东商城、亚马逊、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店

印　刷　北京新华印刷有限公司

开　本　787 mm × 1092 mm　　1/16

印　张　2

版　次　2015 年 12 月第 1 版

印　次　2017 年 1 月第 1 次印刷

书　号　ISBN 978-7-5469-7845-1

定　价　10.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）

网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）



كاملى مەلىكىنىڭ پەقەت چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، چۈنكى خىزمەتكار جېنىنى ئۇنى بىر ئىشلاردىن توسۇپلا تۇراتتى، مەسىلەن: تاجىسىنى ئالغىلى، كونا كىيىملەرنى كىيگىلى، ۋېلىسىپىت مىنىپ ئوردا سىرتىغا چىقىپ ئوينىغىلى قويمايتتى، ھەتتا تۇغۇلغان كۈنىدىمۇ ئۇنىڭ قەنت - گېزەك يېيىشىنى چەكلەيتتى.



كامىلى مەلىكە بۈگۈن سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــ پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى! ئادەمنى ھېچ ئىش قىلغىلى قويمىغان! ــ دېدى ئۇ تولىمۇ غۇدۇراپ.



كاملى بۇنداق چەكلىمىلەردىن جاق تويغاندى. ئۇ ئۇچىسىغا بىر كونا كالتە ئىشتان بىلەن ئاق رەڭلىك مايكا كىيدى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگەن پېتى ھۇجرىسىدىن چىقىپ جىنىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى.



كاملى باغۋەنىنىڭ دىققەت قىلمىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، نەرسە ـ كېرەك ئىسكىلاتىغا قويۇپ قويۇلغان ۋېلسىپىتنى ئاستا ئېلىپ چىقتى.



ئاندىن گۈللۈكتىكى مەخپىي ئىشىكنى ئېچىپ،
ئۆزى يالغۇز ئوردىدىن چىقىپ كەتتى.



شۇنداق قىلىپ كاملى ئاخىر ئۆزى يالغۇز ۋېلىسىپىت مىنىشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈردى.

ـــ ئەمدى، مەن بىر قەنت ـ گېزەك دۇكىنىنى تېپىشىم كېرەك! ـــ دېدى ئۇ.

ئۇ كوچا ئېغىزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىر قاراپلا ئەسكى مۆشۈك باگسىنىڭ قەنت ـ گېزەك دۇكىنىنى كۆرۈپ قالدى.

بۇ ۋاقىتتا، باگس نەچچە ۋاقىتنىڭ ياقى ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن «قانداق قىلغاندا ئەڭ ئەسكى مۆشۈك بولغىلى بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىۋاتقان ئىدى.



كـاملى قـەنت ـ گـېزەك دۇكـىنىغا كـىرگـەندە بـاگـىس نـاھايىتى قوپاللىق بىلەن:

ـــ ھەي، شاكىچىك! سەن بىلەمسەن؟ ـــ دەپ سورىدى تۇيۇقسىز.

ـــ نېمىنى؟ ـــ دەپ قايتۇرۇپ سورىدى كاملى ھەيران بولۇپ.

ـــ قانداق قىلغاندا ئەڭ ئەسكى مۇشۇك بولغىلى بولىدۇ؟ ـــ دېدى باگىس.



كـاملى بـىردەم ئـويلانغـاندىن كـېيىن، دۇكـاندىكى قـەنت ـ گېزەكلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

مېنىڭچە، قەنت ـ گېزەكنىڭ ھەممىسنى پـاك ـ پـاكىز يـەۋەتسەڭ، ئەڭ ئەسكى مۇشۇك بولالايسەن! ـــ دېدى.

ـــ بـۇ ئـەسكىلىك ھـېسابلانمايدۇ! پـەقەت پـۇلنى بـېرەلىسەڭلا قـانچىلىك يـېسەڭ يـەۋەرگىن! ـــ بـاگىس شـۇنداق دەپـلا كـاملىنىڭ قولىغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش خالتىسنى تۇتقۇزدى.





ــ رەھمەت! ئەمما مەن دېگەن بىر مەلىكە، مەندە پۇل يوق، شۇنىڭغا بۇلارنىڭ پۇلىنى تۆلىيەلمەيمەن، ــ دېدى كاملى باگىسنىڭ قولىدىن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش خالتىسىنى ئالغاچ.

ــ ئۇنداق بولسا، قەدىرلىكىم، مەن ساڭا پەقەت سەن ئۆچۈن ئالايىتەن تەييارلانغان ئالاھىدە خالتىنى كۆرسىتىپ قوياي! ــ دېدى باگىس.

باگىس شۇنداق دەپلا قولىندىكى خالتىنى كامىلىغا كيدۈردى ـ دە، خالتا ئاغزىنى چىلڭ چىگىپ، ئۇنى ئېلىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى.





ئوردىدىكىلەر ئويغىنىپ كاملىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدى.

— كاملى نەگمۇ بارالايدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى خانىش تىت - تىت بولغىنىدىن.

— مەن مەن، مەن راستىنلا بىلمەيمەن، — دېدى قورقۇپ كەتكەن جېنى كېكەچلەپ تۇرۇپ.



— مەن ئۇنىڭ يالغۇز سىرتقا چىقىشىنى ئەزەلدىن چەكلەپ كەلگەن ئىدىم...

— بولدى بەس، چەكلىگەن ئىش بەربىر يۈز بەردى! — پادىشاھ شۇنداق دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— دەرھال ھەممىڭلار چىقىپ ھەممە يەرنى ئاختۇرۇڭلار! بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېرىشى چەكلەنگەن يەرلەرنى نۇقتىلىق ئاختۇرۇڭلار!

ئۇردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كاملىنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ كەتكەندە، ئۇ قەنت ـ گېزەك دۇكىنىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە خالتىدىن چىقىرىلدى.



— ئەمدى ئىككىمىز داداڭغا بىر پارچە تەھدىت خېتى يازىمىز، شۇنداق بولغاندا مەن ئەڭ ئەسكى مۆشۆككە ئايلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە خېلى بېيىپ قالىمەن، — دېدى باگىس.

— نېمە؟ ئىككىمىزمۇ؟ — دېدى كاملى، — ئەجەبا، سەن خەت يېزىشنى بىلمەمسەن؟



— مەن شۇنداق ئالدىراش تۇرسام، خەت ئۆگىنىشكە نەدىمۇ ۋاقتىم بولسۇن؟ زادى يازامسەن، يازمامسەن؟ — دەپ ۋارقىردى باگىس.

— بوپتۇ، يازسام يازاي، بىراق بىر شەرتىم بار، بىر خەتنى بىر كەمپۈتكە تېگىشىمىز، قانداق؟ — دېدى كامىلى.



— بۇ چوڭ مەسلە ئەمەس! مېنىڭغۇ سېنىڭ چىشىڭنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن كارىم يوق! ئەمىسە قېنى، يېزىشقا باشلىغىن، — دېدى باگىس مۆرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

— قېنى ئەمىسە دېگىن! — دېدى كامىلى قەغەز بىلەن قەلەمنى قولىغا ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن.

ــ قەدىرلىك پادىشاھ ۋىرد، ــ دېدى باگىس قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۇيان ـ بۇيان ماڭغاچ.

ــ قەدىرلىك دادا، ــ دەپ يازدى كاملى باگىس بىلەن كارى بولماي.

ــ سىزنىڭ قىزىڭىز ھازىر مېنىڭ قولۇمدا، ــ دېدى باگىس داۋاملاشتۇرۇپ.

ــ مەن ھازىر قەنت ـ گېزەك دۇكىنىدا، دەل سىلەر مېنىڭ كېلىشىمنى چەكلىگەن يەر، ــ دەپ يېزىۋەردى كاملى ئۆز خاھىشى بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ.

ــ ئەگەر قىزىڭىزنى قايتۇرۇپ ئەكەتكىڭىز بولسا، بۈگۈن كەچتە قايتۇرۇۋېلىش پۇلىنى ئوردىنىڭ ئالدى ئىشىكىگە قويۇپ قويۇڭ، ئاندىن مەن قىزىڭىزنى ئوردىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە ئاپىرىپ قويىمەن، ھەرگىز ئالماشتۇرۇپ قويماڭ! بىر ناتونۇشتىن، ــ دېدى باگىس بايان قىلىپ.

ــ مېنىڭ ئۆزۈم يالغۇز بىردەم ئوينىغۇم بار، شۇڭا مېنى ئالغىلى كەلمەي، يېرىم سائەت ۋاقىت بەرگەن بولسىڭىز، سىزنى سۆيۈپ، قىزىڭىزدىن، ــ دەپ يازدى كاملى.



خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن كاملى بىلەن باگىس خەت سانىنى بىر قېتىم ساناپ چىقتى.

باگىس خەتنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندە، كاملى تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ قەنت ـ گېزەكلەرنى خالىغانچە تاللىدى...



ئۈچ تال ئېيىق سۈرەتلىك كەمپۈت، تۆت تال چاشقان سۈرەتلىك كەمپۈت، ئىككى تال چۈچۈكبۇيا تەملىك كەمپۈت، ئىككى دانە مۇزدەك مېۋە شەربىتى، ئىككى تال تاتلىق ئەينۇلا، تۆت دانە ئۆرۈك مېغىزلىق ئەترگۈل تەملىك يۇمشاق كەمپۈت، بىر توشقان سۈرەتلىك شاكىلات، بىر قاپ مالىنا تەملىك سېغىز، ئىككى تال ئارپا بەدىيان تەملىك كۇمۇلاچ، تۆت تال بۇرمىسمان قاتتىق پوستلۇق كەمپۈت بىلەن يەتتە تال كەمپۈت قاپلىق ئۆرۈك مېغىزى.





پادىشاھ باگسنىڭ «تەھدىت خېتى»نى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن تاقەتسىزلىك بىلەن خانىشقا خەۋەر قىلدى، خانىش بۇنى جېنىغا خەۋەر قىلدى...



جېنى يەنە تاقەتسىزلىك بىلەن بۇ خەۋەرنى گۈلچىگە خەۋەر قىلىۋىدى، گۈلچى بېرىپ شوپۇرغا خەۋەر قىلدى...



ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ ماشىنىغا چىقىپ كاملىنى ئېلىپ
كەلمەكچى بولۇپ ماڭغىنىدا، يول ياقىسىدا كېتىپ بارغان
باگىسنى سوقۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.



كۆپچىلىك كامىلنى تاپقان ۋاقتىدا، ئۇ بەك كۆپ كەمپۈت يەۋەتكەنلىكتىن مۇجۇپ ئاغرىۋاتقان قورسىقىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— ئوۋ، قەدىرلىكىم، بىز سىزنى ئاخىر تاپتۇق!

خانىش خۇشاللىقتىن يەردە ئولتۇرغان كامىلنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ، دەرھال ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى.



— ئەمدى سىز نېمىشقا كەمپۈت يېسە بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنسىز؟ — دەپ سورىدى جېنىنى ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى كامىلى.

— چۈنكى كەمپۈت سىزنى ئاغرىتىپ قويىدۇ! بۇ دەل سىزنى ئۇنىڭدىن چەكلىشىمدىكى ئاساسلىق سەۋەب.

— خاتا! — دېدى كاملى كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ھاياجان بىلەن، — بۇ ئادەتتە سىلەرنىڭ مېنى ھېچنېمە قىلغىلى قويمىغانلىقىڭلارنىڭ سەۋەبى، مەن ئادەتتە قەنت - گېزەك يېمىگەچكە، بۇ قېتىم بىراقلا بەك كۆپ يەۋېتىپ ئاغرىپ قالدىم.

باگىس تەرىپىدىن خالتىغا قاچىلانغانلىقىمۇ ئادەتتە ۋېلىسىپىت مىنىپ ئوردىدىن چىقىپ باقمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىدىن بولدى.



— خالتىغا قاچىلاندىڭىزمۇ؟ — پادىشاھ بىلەن خانىش ھەيرانلىق بىلەن بىردەك سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى كاملى، — ئۇ مېنىڭ سىزگە بىر پارچە تەھدىت خېتى يېزىشىمنى ئېيتتى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ خەت تونۇمايدىكەن، شۇڭا مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىمدىن خەۋەرلەندۈرەلىدىم.

— ۋاي تەڭرىم! — دەۋەتتى جېننى قاتتىق ئەنسىرەپ.

— مەن ئەمدى مەلىكىنى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— مەن بىلمەن! بىز ئۇنىڭغا كۆپرەك ئەركىنلىك بېرىپ، ھەر ھەپتىسى بىر كۈن ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋېلىسىپىت مىنەيلى! — دېدى پادىشاھ.

— ئەمما مەن ۋېلىسىپىت مىنىشنى بىلمەيدىغان تۇرسام! — دېدى جېننى قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئۇنداق بولسا ئۆگەنگىن، — دېدى پادىشاھ.

— بىزمۇ بىرلىكتە ئۆگىنەيلى، — دېدى خانىش جېننىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.





پادىشاھ دېگىننى قىلدى، ئۇ خانىش ۋە جېنىنلار بىلەن بىللە ۋېلىسىپىت مىنىشنى ئۆگىنىپ، ھەركۈنى كاملىغا ھەمراھ بولۇپ، ۋېلىسىپىت مىنىپ ئوردا سىرتىغا چىقىدىغان، يەنە تېخى باگستىن ھەزەر ئەيلەش ئۈچۈن پات ـ پات ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان بولدى.



ئەمدىلىكتە، جېنىنى كۆندە دېگۈدەك بازاردىكى ياخشى مۆشۆك بۇرۇسنىڭ قەنت ـ گېزەك دۇكىنىدىن كەمپۈت زاكاز قىلدىغان بولدى.

ھەر قېتىم كەمپۈتنى ئالغاندىن كېيىن، كاملى ئەستايدىللىق بىلەن ئۇلارنى ساناپ چىقاتتى.



— جېنني، ئەمدى سەن بىر قېتىمدىلا كەمپۈتلەرنىڭ
ھەممىسىنى يەۋەتسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ، ئۇنداق قىلساڭ
قورسىقىڭ ئاغرىپ قالىدۇ! — دېدى جېنني كەمپۈتلەرنىڭ
يېرىمىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن.

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۈ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: مېھرىبان نۇرئەخمەت

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: لىيۇ ۋېييۇ

# «يۇلتۇزلار دۆلىتى» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# كامىلى يوقاپ كەتتى

ئاپتورى: ھىياۋىن ئورام [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچىلار: پەرىدە مەمەت، ماھىرە ئابدۇقادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 2
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 5469 – 7845 – 1
باھاسى: 10.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu–book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)



ISBN 978-7-5469-7845-1

定价：10.00元